دورىلارنى سېتىۋالاتتى. ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىۋالغان بوتۇلكا ۋە قۇتىلار ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىدىغان ئەسۋابلىرىدىن ئىدى.

ئۇنىڭ تومپايتىپ ئېسىۋالغان گېزىت سومكىسى ھەر خىل پەننىي كىتابلار ۋە خىمىيەت دورىلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئېدىسون ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە پويىزدا گېزىت ساتىدۇ. پويىزنىڭ يولۇچىلار تاماكا چېكىدىغان مەخسۇس ۋاگونى بولۇپ، پويىز باشلىقى ئېدىسوننىڭ مۇشۇ ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ دائىم گېزىتلىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، سومكىسىدىن خىمىيە دورىلىرى، بوتۇلكا ۋە قۇتىلىرىنى ئېلىپ، ھەر خىل قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلەشكە باشلايدۇ.

بىر كۈنى ئېدىسون تازا قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندا، پويىز تېز قوزغالغانلىقتىن سىلكىنىپ كېتىپ، ئاق فوسفور قاچىلانغان بىر بوتۇلكا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. فوسفور ھاۋاغا ئۇچرىشى بىلەن دەرھال ئوت ئېلىپ يانىدۇ. كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئېدىسون بىلەن بىرلىكتە ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ. پويىز باشلىقى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئېدىسوننىڭ تەجرىبە قىلىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى پويىزدىن چۆرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق بىر شاپلاق ئۇرۇپ، بىر قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ ئېدىسون تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسىدىن قەتئىي يانمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېمەك – ئىچمىكىنى تېجەپ پۇل يىغىپ قايتىدىن خىمىيىلىك تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ. بىر قېتىم سۇلغات كىسلاتاسى ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. يەنە بىر قېتىم سۇلغات كىسلاتاسى ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. لېكىن ئېدىسون بۇنداق خەتەرلىكلەردىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئېدىسون ئېلېكتر لامپىسىنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا، تەننەرخى ئەرزان، ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغان لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن كۈرمىڭ قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ دائىم بىرقانچە ئون سائەتلەپ تەجرىبىخانىدىن چىقماي ئىشلەيدۇ. بەك ھېرىپ كەتكەن چاغلىرىدا تەجرىبە ئۈستىلى ئۈستىدە بىردەم ئۇخلىۋېلىپ، يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىسىدا، ئاخىرى مۇۋاپىق لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىپ، ئېلېكتر لامپۇچكىسىنى ئىجاد قىلىدۇ. كېيىن ئېدىسون يەنە كىنو، پاتېفون... قاتارلىق نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە مىڭ خىلدىن ئارتۇق نەرسىنى كەشىپ قىلغان ئاتاقلىق ئالىم.

IV

ئا: سائىتىڭىز قانچە بولدى؟

ئە: تۆتكە بەش مىنۇت / يەتتىگە ئون توققۇز مىنۇت / توققوزغا چارەك قالدى\ كەم.

ئا: سائىتىڭىز توغرا ماڭامدۇ؟

ئە: سەل چاپسانراق / سەل ئاستىراق / ناھايىتى توغرا .

V

ئا: ئۇستەلدىكى ژورنال / سومكىدىكى كونسپېك / ياتاقتىكى كومپيۇتور / ئورۇندۇقتىكى كۆزئەينەك كىمنىڭ؟

ئە: ئۇستەلدىكى ژورنال / سومكىدىكى كونسپېك / ياتاقتىكى كومپيۇتور / ئورۇندۇقتىكى كۆزئەينەك ئايۇپنىڭ .



## تېكىست

## ئېدىسون

ئېدىسون دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى. ئۇ ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئائىلىسى ئىنتايىن كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ۋاقتىدا ئاران ئۈچ ئايلا ئوقۇيالىغان. ئېدىسون ئون بىر يېشىدىن باشلاپ گېزىت ساتقان. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم – پەننى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ دائىم پۇل ئىقتىساد قىلىپ پەننىي كىتاب – ژورناللارنى ۋە خىمىيلىك

## ئون بەشىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىلەر سائەت نەچچىدە | ئورۇندىن تۇرىسىلەر<br>دەرس باشلايسىلەر<br>دەرس تەكرار قىلىسىلەر<br>ئۇخلايسىلەر | ؟ |
| ئە: بىز سائەت | ئالتىدە ئورۇندىن تۇرىمىز<br>سەككىزدە دەرس باشلايمىز<br>يەتتە يېرىمدا دەرس تەكرار قىلىمىز<br>ئون ئىككىدە ئۇخلايمىز | . |



II

ئا: سائەت قانچە بولدى؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | بىر<br>ئۈچ<br>توققۇز<br>ئون بىر | بولدى. |

III

ئا: سائىتىڭىز قانچە بولدى؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | تۆتتىن ئۈچ<br>بەشتىن ئون تۆت<br>سەككىزدىن ئوتتۇز ئىككى<br>ئون بىردىن يىگىرمە يەتتە | مىنۇت ئۆتتى. |